# كۆڭۈل كۈيلىرى

«ياشلىق كوچىسىدا مۇھەببەت ناخشىسىنى ئېيتىپ ئۆتمىگەن كىم بار؟!»

خەلىق ماقالى.



سابىت ئۇيغۇرىي

# گۆزەل ياشلىق

ــ دۇنيادا ياشلىقتەك گۆزەل بارمىكىن ؟ ــ
دەپ بىر كۈن ئۆزەمگە قويغاندىم سوئال.
ــ گۆزەللىك ئىزدىسەڭ تەبىئەتكە باق،ــ
دەپ ماڭا سۆزلەپ ئۆتتى شوخ شامال...

. . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

تەبىئەت ھۆسنىگە باقتىم زوق بىلەن،
چېچەكلەر غۇنچىدە ئېچىلىپ كەتكەن.
گۈلباھار كۈيچىسى بۇلبۇل قۇشلارنىڭ،
خۇش ناۋا بەزمىسى ئەۋجىگە يەتكەن...
كۈن ئۆتتى،
ئاي ئۆتتى،
پەسلىمۇ پۈتتى...

كۈز كەلدى،
سارغىيىپ سولاشتى باغلار.
سايرىغان قۇشلارنىڭ ئاۋازىمۇ يوق،
شامالدا ھۇۋۇلداپ تۇراتتى تاللار...

. . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

ئېيخ، سېنىڭ گۆزەللىكىڭ شۇمۇ، تەبىئەت ؟ــ
دېدىم مەن، يالىڭاچ باغلارغا قاراپ.
تەبىئەت جاۋاپتىن خىجالەت بولۇپ،
مۈگدىنىپ تۇراتتى، ئاستا ئېغاڭلاپ !

. . . . . . . . . . . . . . . . . . . .

ئېيخ، ياشلىق سېنىڭدەك گۆزەللىك بارمۇ،
سەن ــ سولماس باھارسەن،
چارچىماس قانات.
سەن ئەزىز ئۆمۈرنىڭ يوروۇق تېڭى سەن،
سېنىڭدىن باشلىنار كەلگۈسى ھايات !
كۈنگە يۈز قېتىم كۆرسەممۇ يارنى،
دېدارى ۋەسلىگە قانماتتىم پەقەت.
بۈيۈككە ئىنتىلگەن قىران قۇش كەبى،
ئەڭ بۈيۈك نىشاننى تاللاتتى ژۈرەك.
ياشلىقنىڭ يالچىماس قانتى بىلەن،
ئەڭ بۈيۈك ئارزۇلار تامان ئۇچىمەن.
ياشلىقنىڭ غەيرتى يەتمەس ئارزۇ يوق،
خالىسام، كۆكتىكى ئاينى قۇچىمەن !

● ● ● ● ● ● ● ● ● ● ● ● ● ● ● ● ● ● ● ● ● ● ● ● ● ● ● ● ● ● ● ● ● ● ● ● ● ● ● ● ● ● ● ● ● ● ● ● ● ● ● ● ● ● ● ●

# دىلبەرگە خەتلەر

( تۇركۇم )

1

يارىم، سېنى كۆرگەندىن بېرى،
كۆزلىرىمگە ئۇيقۇ كەلمەيدۇ.
بىر قىززىق ئوت، بىر شېرىن ئازاپ،
ژۈرىكىمگە ئارام بەرمەيدۇ.
شۇندىن بېرى ئۆز ۋۇجۇدىمدا،
غەلىتى بىر ھىسلار سېزىمەن.
بەزى چاغدا ۋۇجۇدىم سوۋۇپ،
بەزى چاغدا قىززىپ كېتىمەن !
ئۆرتىنىمەن ئىس چىقارماستىن،
ئۆكسىنىمەن ياش چىقارماستىن،
تەلپۈنىمەن قانات قاقماستىن،
بىر لەززەتلىك ئازاپ چېكىمەن !
تىلىمدىن يار، ئىسمىڭ كەتمەيدۇ،
كۆزلىرىمدىن رەسمىڭ كەتمەيدۇ،
خىيالىمدىن ئوبىڭ كەتمەيدۇ،
چۈشۈمدىمۇ سېنى كۆرۈمەن !
سەن قەيەردە ژۈرسەڭمۇ دىلبەر،
باش ئۈستۈڭدە پەرۋانە كۆڭلۈم.
بۇ ئالەمدە باشقا قىز يوقتەك،
پەقەت سېنى كۆرىدۇ كۆزۈم !

2

ـ ئىشقىڭ بىلەن كۆڭلۈمنى قىيناپ،
ئاللىقانداق سىرلىق قارايسەن.
ئېيتقىن دىلبەر، مەندىن يوشۇرماي،
چىن دوستلۇققا كىمنى خالايسەن ؟ــ
دەپ بىر كۈنى سورىدىم سەندىن،
ئېيتالماستىن تۇردۇڭ قىينىلىپ،
ـ سېنى ياخشى كۆردۈم ! ـ دېدىڭدە،
قىزىلگۈلدەك كەتتىڭ قىزىرىپ.
كۆكرىكىمگە قويۇپ بېشىڭنى،
مېھىر تولا كۆز بىلەن باقتىڭ.
ئىسسىق نۇر بوپ كىرىدىڭ تېنىمگە،
ژۈرىكىمدە كۈي بولۇپ ئاقتىڭ.
ـ مەنمۇ سېنى سۆيدۈم ! ــ دېدىمدە،
ھارارەتتىن ئوت بولۇپ ياندىم.
ئاشۇ ئىشقىڭ ئوتىدا دىلبەر،
مەڭگۈ ئۆچمەس نۇر بولۇپ قالدىم.

## 3

- ژۇرەك، ژۇرەك، كۇندەك لاۋۇلداپ،
نېمە مۇنچە دەرتلىك كۆيسەن ؟
ئېيتقىن، مۇنچە ئازاپلار چېكىپ،
شۇ ئالەمدە كىمنى سۆيسەن ؟
— كۆيمەس ئېدىم، مۇنچە ئوتلاردا،
ۋۇجۇدىمدا قۇياش ئوتى بار.
قۇياش ئەمەس، باغرىمدا يارنىڭ،
كۇندىن ئىسسىق مۇھەببىتى بار!
كېچىلىرى كىرپىك قاقماستىن،
خىيالىمدا يارنى قۇچىمەن.
كۆك قۇياشى پېتىپ باغرىمغا،
تاڭ ئاتقىچە يېنىپ چىقىمەن.
تاڭ ئاتقاندا كۇندەك نۇرلىنىپ،
خىيالىمغا جانان كېلىدۇ.
ئۇنىڭ ئالتۇن كوكۇللىرى،
يەنە ماڭا ئىلھام بېرىدۇ.
ئىشىق ئوتىدىن يارالغان جىسمىم،
ئۆمۈر بويى كۆيۈپ ئۆتىمەن.
ئەگەر ئۆلۈپ قەبرىگە كىرسەم،
قەبرەمدىمۇ كۆيۈپ تۇرىمەن!

## 4

بۇگۇن يەنە تاڭ سەھەر تۇرۇپ،
چىقىۋاتقان كۇنگە قارىدىم.
ئۇنىڭ ئالتۇن كوكۇللىرىنى،
كىرپىكلىرىم بىلەن تارىدىم.
ئاھ، قانچىلىك گۇزەل بىزنىڭ تاڭ،
قەلبىمدىكى ئىشىق تېگىدەك.
ئۆلكەمدە تاڭ، ژۇرىكىمدە تاڭ،
كۆرىنىدۇ دۇنيا يېڭىدەك.
ئاشۇ گۆزەل تاڭ قۇچىغىدا،
ئاشىق بولۇپ سېنى سۆيدۇم مەن.
مۇھەببەتنىڭ يالقۇنلىرىدا،
پەرۋانىدەك يېنىپ كۆيدۇم مەن.
شۇ هارارەت بىلەن ژۇغۇرۇپ،
ياراتتىم مەن شېئىرلىرىمنى.
مىسرالاردا ئىزهار ئەيلىدىم،
ساڭا دېگەن مۇھەببىتىمنى!
- سېنىڭ ناخشاڭ نىمانچە ئوتلۇق،
نىمانچە ساز! — دەيسەن ئەزىزىم.
- سېنىڭ ئىسسىق مېهرىڭ بىلەن
ژۇغرىلغان مېنىڭ غەزىلىم!

## 5

ئەي، دىلبىرىم، سېنى سۆيدۇم، شۇ كېچە،
مېهرىڭدىن دىلغا نەقىش توقۇدۇم.
ژۇرىگىڭنىڭ ئېچىلمىغان سىرىنى،
سېنىڭ قارا كۆزلىرىڭدىن ئوقۇدۇم!

مەن ئۇزەمنى قانچە ياخشى چۇشەنسەم،
شۇنچە ياخشى چۇشىنىمەن سېنى هەم.
ئۇز ئىشقىمغا قانچە چىن دەپ ئىشەنسەم،
شۇنچە چىن دەپ ئىشىنىمەن دىل بىلەن!

چىن سۆيگىنىم بولغاشقىمۇ سەن ئۆزەك،
بۆلەكچىلا كۆرىنسەن كۇزۇمگە.
كۆيگەشكىمۇ ئۆزەم بىلەن بىر ئوتتا،
بەكمۇ يېقىن تۇيۇلسەن ئۆزەمگە.

سېنى شۇنچە سۆيگىنىمگە چۇشەنمەي،
«نېمانداق ؟»- دەپ،ئۆز - ئۆزەمدىن سورايمەن.
كۇندە كۆرۇپ تۇرساممۇ هەر كۆرگەندە،
كۆزلىرىمگە ئىشەنمەستىن قارايمەن!

## 6

ئەي، دىلبىرىم، سۆيگەنلىرىم سەن ئۇچۇن،
ئىشىق ئوتىدا كويگەنلىرىم، سەن ئۇچۇن.
ئامان بولسام يېتەرمەن، — دەپ مۇراتقا،
ئۇمىت قىلىپ ژۇرگەنلىرىم — سەن ئۇچۇن.

باهار كەلدى، ياپراق يېيىپ يېشىلدىم،
قىزىلگۇلنىڭ غۇنچىسىدەك ئېچىلدىم،
يامغۇر بولۇپ، يوللىرىڭغا چېچىلدىم،
مىڭ پارە بوپ ئاققانلىرىم سەن ئۇچۇن.

ياز كەلگەندە، يېمشلەردەك ياشاردىم،
مۇساپىپا تاڭ نۇرلىرىدا تازاردىم،
سېنى كۆرگەچ، سۆز قىلالماي قىزاردىم،
يوشۇرۇن ئازاپ تارتقانلىرىم سەن ئۇچۇن.

كۇز كەلگەندە چەشمە بولۇپ ئاقىمەن،
تەشنا بولۇپ يوللىرىڭغا باقىمەن،
رەسمىڭنى ژۇرىكىمگە ياقىمەن،
يېتەلمىگەن ئارمانلىرىم سەن ئۇچۇن.

قىش كەلگەندە ئاپپاق قارغا كۆمۇلدۇم،
سېنى ئەسلەپ خىياللارغا چۇمۇلدۇم،
كېچە - كۇندۇز كەتمىدىڭ سەن كۇڭۇلدىن،
ئاهلار ئۇرۇپ ياتقانلىرىم سەن ئۇچۇن.

ئەي دىلبىرىم، ياشاپ ئۆمۇر سۇرۇشۇم،
قايغۇرىشىم، خوشاللىغىم، كۇلۇشۇم،
تۇغۇلىشىم، ياشىشىم ۋە ئۆلىشىم،
هەممىسىلا، پەقەتلا بىر سەن ئۇچۇن!

## 7

ئەي گۈزەل دىلبەر، سەن شۇنچە ئۇماق،
كۆڭلۈمگە سالدىڭ ئوتلۇق ئىشتىياق.
يۈزۈڭ ـ تولۇن ئاي، كۆزلىرىڭ ـ چولپان،
قايسى ئانىدىن تۇغۇلدىڭ شۇنداق؟

جېنىمنى قىيناپ ئۇماق كۈلسەن،
كۈلۈپ، كۆيدۈرۈپ، باغرىم تىلسەن.
نېمىشكە مۇنچە جىلۋىلەر بىلەن،
ئاي جامالىڭنى كۆز ـ كۆز قىلسەن؟

ھۆسنى جامالدا بىر مالاھەت سەن،
ئەقىل ـ ھوشتىمۇ باكامالەت سەن!
مەنچۇن سېنىڭدىن ئارتۇق سۆيگۈم يوق،
ئىككى دۇنيالىق ئاشىغىڭدۇر مەن!

قوي، ئەمدى جېنىم، ئارتۇق ناز قىلما،
شائىر كوڭلۈمنى ئىشقىۋاز قىلما.
ئەگەر خالىساڭ،دوستلىققا كەلگىن،
تەكلىپلىرىمگە ئېتىراز قىلما!

## 8

مەشۇغۇم، ئەقلى كۆزىدە ژىگىتلەرمۇ بار،
پەقەت بىر كۆرۈپلا ئاشىق بولىدۇ.
ئۇلارنىڭ كۆزى پەقەت ھوسنى ـ جامالدا،
ئىنساننىڭ قەلبىنى ئۇلار نەدىن كۆرىدۇ؟
ئۇ دەيدۇ: «گۈزەل قىز، سىزگە ئاشىقمەن،
سۆيىمەن گۈل يۈزۈڭ، شەھلا كۆزۈڭنى!»
گۈل يۈزلەر سولىشىپ، كۆز نۇرۇڭ ئۆچكەندە،
شۇندا ئۇ سۆيىدۇ سېنىڭ نەرىڭنى؟!
مەن بولسام، سېنىڭ ئاي يۈزىڭنى ئەمەس،
سۆيىمەن قەلبىڭنى، ئىنسانلىغىڭنى.
بۇ تازا سۆيگىنىڭ ئوتلىرى ئۆچمەس،
كۆن بولۇپ يورۇتار ئاشىق كوڭلىنى!

## 9

مەشۇغۇم، ھەر قېتىم سېنى كۆرگەندە،
شاتلىقتىن ئېچىلىپ، يايراپ كېتىمەن.
كوڭلۈمنىڭ يوشۇرۇن ئىشىق سىرىنى،
ئەي، گۈلۈم پەقەتلا ساڭا ئېيتىمەن!
سەن گويا قۇياشسەن، مەن گوياكى ئاي،
سېنىڭدىن نۇر ئېلىپ، كۈلۈپ باقىمەن.
سەن گويا ـ بۈيوك تاغ، مەن گوياكى ساي،
سېنىڭدىن سۇ ئېلىپ، تولۇپ ئاقىمەن.
سەن گويا ـ قىزىلگۈل، مەن گويا بۇلبۇل،
كېچىلەر ئىشقىڭدا ئۇرغۇپ سايرايمەن.
سەن گويا شاھ سەنەم، مەن گويا غېرىپ،
ساڭا ئاتاپ، گۈلزاردا چىمەن باغلايمەن.

كەل جېنىم، ھاياتتا بىللە ياشايلى،
مۇرات چېچەكلىرىگە تولسۇن بېغىمىز.
ۋىسالنىڭ بېغىدا قېنىپ سۆيەيلى،
غۇنچە لەۋلىرىڭدە قالسۇن ئوتلۇق ئىز!
ئاھ، ۋىسال بېغىدا سۆيگەن يار بىلەن،
جۆر بولۇپ ياشاشتەك بەخت بارمىكىن؟
بىلمىدىم، سۆيگىنىڭ شېرىن لەززىتىنى،
بىزچىلىك سۇرەلىگەن ئاشىق بارمىكىن؟
دىلبىرىم، ياشلىقنىڭ يالقۇنى بولۇپ،
ئەستە قالار سۆيۈشكەن مىنۇتلىرىمىز.
كەل جېنىم، سۆيۈشەيلى، ئويناپ ـ كۈلەيلى،
ھاياتقا ئويناپ ـ كۈلۈش ئۈچۈن كەلگەن بىز!

## 10

جاھاندا سېنىڭدەك گۈزەل يارالماس،
يارالسا يارىلار، سەندىن ئاشالماس.
بىلەمسەن، ئەي مېنىڭ خۇرشىد يۈزلىكىم،
كۆزلىرىڭ ـ گۆھەردۇر، كىرپىكىڭ ـ ئالماس.

سېنىڭ ھەر قارىشىڭ ـ جېنىمغا راھەت،
ژۈرەككە يالقۇنلۇق ئوتلار ياقىدۇ.
جىسمىمنى كۆيدۈرەر قىزىق ھارارەت،
تومۇردا قان ئەمەس، يالقۇن ئاقىدۇ!

كۆزۈڭدە جىلۋە قىپ تۇرسا، مۇھەببەت،
قەلبىمدە ئويغىنار شېرىن بىر تىلەك.
قەپەزدىن ئەرككە ئىنتىلگەن قۇشتەك،
سەن تامان ئىنتىلەر بۇ ئاشىق ژۈرەك!

تىنىمسىز تېپىرلىغان ژۈرىگىم ئوخشاش،
كۆزلىرىم تۈن بويى ئۇيغاق چىقىدۇ.
ئۇچىدۇ، ئۇچىدۇ كوڭلۈم قۇش بولۇپ،
شېرىن ئۇيقىدا ياتقان يارنى قۇچىدۇ.

يارىم، مەن ئوت بولۇپ يانغان تۈنلەردە،
سەن خۇددى چەشمىدەك سالقىن سۇ ئېدىڭ.
ئامتى كەلمىگەن ئوچى ئېدىم مەن،
سەن بولساڭ چۆلدىكى بىر ئاھۇ ئېدىڭ!

سېنى دەپ، كېچىدە ئاھلەرنى ئۇرسام،
ئاھلىرىم سۇرەلمەس قارا بۇلۇتنى.
چىدىماي، كۆتەرسەم دۇرمۇ ـ دۇر شاراپ،
شاراپ ئۆچىرەلمەس ژۈرەكتە ئوتنى.

ئەي ژۈرەك، بۇ ئىشقىدىن قۇتۇلالامسەن،
ئالدىڭدا سۆيگىنىڭ تۇرسا ناز بىلەن؟
شۇڭا سەن، ئەي قەلەم، يازغىن دەرتلىنىپ،
مۇھەببەت ناخشاڭنى بار ئاۋاز بىلەن!

11

يۇلتۇزلاردىن بىر چولپاننى سۆيگىنىدەك تاڭ،
بەختىمگە سېنى تاللاپتۇ، ئىشقىمنىڭ تېگى.
كۈندىن نۇر ئېمىپ ياشارغاندەك باھاردا گۈلشەن،
سەندىن نۇر ئېمىپ ياشىرىدۇ كۆڭلۈم گۈلشىنى!

سەندىن نۇر ئېمىپ، ئۈمىتلىرىم چېچەك ئاتقاندا،
خۇددى جېنىم ياشارغاندەك شاتلىق سېزىمەن.
يار! ـ دېگەندە، بار ۋۇجۇدىم غەيرەتكە تولۇپ،
شېرىن خىيال ئالىمىدە تەنھا كېزىمەن!

ھەر سەھەردە بالقىپ قۇياش نۇرىن تۆككەندە،
سېنى ئەسلەپ تاتلىق ئويلار ئويلاپ كېتىمەن.
ھۆر كېلەچەك كۆز ئالدىمدىن قاتار ئۆتكەندە،
دولقۇنلىنىپ قىرغاقلارنى بويلاپ كېتىمەن!

كەچۈر جېنىم، مېنىڭ كۆڭلۈم، مېنىڭ مۇھەببىتىم،
سېنى سۆيۈشكە ـ ئوتتا كۆيۈشكە بۇيرىدى مېنى.
ئىشەن ماڭا، كۈندىن قىزىق مۇھەببەت بىلەن،
ئۆمۈر بويى سادىق بولۇپ سۆيىمەن سېنى!

12

كېچىلەردە ناخشا ئېيتسام مەجنۇنمۇ دېمەڭ،
مەجنۇن قىلغان مۇھەببەتنىڭ دەردى ئەمەسمۇ؟
تۈندە ئېيتقان ناخشىلىرىم، چالغان سازلىرىم،
ياش ژۇرەكنىڭ يارغا ئېيتقان ئەرزى ئەمەسمۇ؟
قارا كۆزنىڭ لەۋلىرىنى قايرىپ سۆيەلمەي،
ئوت ـ پىراقتا ژۇرگەنلىرىم جەۋرى ئەمەسمۇ؟
ياشلىقىمدا يارىم بىلەن ئويناپ ـ كۈلەلمەي،
ئۈمىت قىلىپ تۇرغانلىرىم، سەبرى ئەمەسمۇ؟
ماڭا جەننەت كۆرىنىدۇ يارنىڭ ئۆيلىرى،
ھۆسنى ئۇنىڭ خۇددى جەننەت ھۆرى ئەمەسمۇ؟
كۆز ئالدىمدىن كەتمەس ئۇنىڭ ئوماق قىلىغى،
مەپتۇن قىلغان رۇخسارىنىڭ نۇرى ئەمەسمۇ؟
گۈل ئېچىلىپ، باغدا بۇلبۇل سايرىغان چاغدا،
ئاشىقلارغا سۆيۈشۈشنىڭ ۋاقتى ئەمەسمۇ؟
جانانىمنىڭ ۋىسالىغا يەتكەندە باغدا،
ئاشىق جانىنىڭ بىر ئۆمۈرلۈك بەختى ئەمەسمۇ؟

## قىسسە

*سۇرۇپىتەك سۇزۇلگەن ئاق ئايدىڭ كېچە،*
*تەبىئەت ئۇخلاتتى شېرىن ئۇيقىدا.*
*مەن يالغۇز كېلەتتىم باغنى ئارىلاپ،*
*ئاللىقانداق لەززەتلىك خىيال قوينىدا.*
*قاچاندۇ بىر چاغلار سۆيگىنىم بىلەن،*
*شۇ باغدا سەيلە قىلىپ ژۇرگەن ئىدىم مەن.*
*شۇ باغدا، دەل موشۇ بەلدىڭ ئۈستىدە،*
*يارىمنى تۇنجا رەت سۆيگەن ئىدىم مەن.*
*ھە، بۈگۈن شۇ باققا سەيلىتىپ كېلىپ،*
*قەدىردان بەلدىڭنى كۆرۈپ قالدىم مەن.*
*گۆزەلنى قايتىدىن كۆرۈۋاتقاندەك،*
*پەرىشان تەلمۈرۈپ تۇرۇپ قالدىم مەن!*
*ئاق ئايدىڭ كېچىنىڭ كۈمۈچ نۇرلىرى،*
*ئەسلەتتى يارىمنىڭ ئايدەك يۈزىنى،*
*ئاسماندا چاقنىغان يورۇق يۇلتۇزلار،*
*ئەسلەتتى يارىمنىڭ شەھلا كۆزىنى!*
*گۈلزاردىن ئالقىغان خۇشبۇيي پۇراقلار،*
*ئەسلەتتى يارىمنىڭ ئىپار ھىدىنى.*
*كۆكۈللۈك سايرىغان بۇلبۇل ناۋاسى،*
*ئەسلەتتى يارىمنىڭ خۇشخۇيي ئۈنىنى!*
*شۇ چاغدا سېغىنىپ ئەسلىدىم يارنى،*
*ئۇچۇپلا قېشىغا بارغىدەك بولدۇم.*
*سېغىنىش ئازاۋى قىيىندى جاننى،*
*ئازاپتىن ژۇرەكنى يارغىدەك بولدۇم.*
*ئېھ، مېنىڭ شۇنچىلىك قۇدرىتىم بولسا،*
*شۇ تاپتا يارىمنى بىر كۆرۈۋالسام.*
*مۇڭدىشىپ، دەل موشۇ بەلدىڭ ئۈستىدە،*
*يارىمنى قۇچاغلاپ، بىر سۆيۈۋالسام!*

# سۆيگۈ تامچىلىرى

ئەگەر يارىم كۈلۈپ باقسا كىنەتتە،
شاتلىنىمەن يەتكەندەك زور تىلەككە.
نىگارىمنىڭ بىر تەبەسسۇم قىلغىنى،
دارى ئەمەسمۇ ئاشىق بولغان يۈرەككە!

— — — — — — — — — — — —

مۇھەببەتنىڭ لەززىتىنى كۆردۈم تالاي،
تارتتىم يەنە ھېساپسىز دەردۇ - ئەلەم.
شۇلارنىڭ بارلىغىنى يىغىپ كەلسەم،
بىر كۈنلۈك ئازابىغا بولمىدى تەڭ!

— — — — — — — — — — — —

بۇ دۇنيادا سۆيۈپ ئۆتكەن ئۇز بەختلىك،
سۆيۈنۈشتىن كۈلۈپ تۇرغان كۆز بەختلىك.
يۈرىكىدە يېنىپ تۇرغان يالقۇن ئوتنى،
سۆيگىنىگە بېرەلىگەن قىز بەختلىك.

— — — — — — — — — — — —

نىگارنىڭ قەلبىنى كۆزىدە كۆردۈم،
- سۆيەمسىز؟ - دېگەن بىر سۆزىدە كۆردۈم.
يۈرەكنىڭ ئاتەشىن يالقۇنلىرىنى،
پەرەڭدەك قىزارغان يۈزىدە كۆردۈم.

— — — — — — — — — — — —

ياخشى ياردىن نېمە پايدا سۆيەلمىسەڭ؟
سېغىنغاندا بىللە ئويناپ كۈلەلمىسەڭ؟
سەن ئۆزەڭنى «ئاشىق يىگىت» دېمەياق قوي،
سۆيگۈ ئۈچۈن كۆيەر ئوتقا كىرەلمىسەڭ!

— — — — — — — — — — — —

چىرايلىق - چىرايلىق ئەمەس، سۆيگەن چىرايلىق،
ئىككى يۈرەك بىر ئوتتا كۆيگەن چىرايلىق.
بۇ دۇنيادا سۆيگىنىڭ بولمىسا ئەگەر،
تىرىك بولۇپ يۈرگەندىن ئۆلگەن چىرايلىق.

— — — — — — — — — — — —

ئاشىق جېنى سۇيۇنەر - جانانىنى تاپقاندا،
يۈرىكىنىڭ پارىسى - دىلدارىنى تاپقاندا،
ئاشىقلىقنىڭ يولىنى قىسسە شېرىندىن سوراڭ،
شېرىن تەختىدىن كەچتى پەرھادىنى تاپقاندا.

— — — — — — — — — — — —

كېچىلەر بۇلبۇل كېلىپ گۈل بەرگىدە قىلدى ناۋا،
ئۇ ناۋا قىلماس ئىدى، بولمىسا ئىشقىڭ داۋا.
سەن ئۇنى خار كۆرمىگىن ئەي، مېنىڭ رەنا گۈلۈم،
خېرىدارىڭ بولمىسا، زىبالىغىڭ نېمە ئەتۋا!

— — — — — — — — — — — —

مەن سېنى سۆيدۈم، يارىتتىم، ساپ تازا ئىشقىم بىلەن،
سەنمۇ سۆيگەنسەن مېنى، نۇردەك تازا مېھرىڭ بىلەن.
بۇ ھاياتتا تاق يارالغان بىر يىتىم ئوغۇل ئىدىم،
سەن كېلىپ جۈپ بولمىساڭ، ئۆمرۈم ئۆتەردى كىم بىلەن؟

# ئىككى بەنتلىكلەر

ھەر ژىگىتنىڭ ئۆز شەيداسى بار،
ھەر گۈزەلنىڭ ئۆز مۇپتالاسى.
قوشۇلغاندا ئىككى شېرىن يار
بۇ بەختنىڭ نەدۇر باھاسى؟

قىز چىرايى يۈزىدە ئەمەس،
ئاشىقىنىڭ ئىككى كۆزىدە.
كۆرۈش ئۈچۈن لەيلا ھۆسنىنى،
قاراش كېرەك مەجنۇن كۆزىدە!

•••••••••••••••••••••••••••

گۈلزارلىقتا ـ گۈل ئىچىدە ئولتۇرساڭ،
ئۆزەڭمۇ بىر قىزىلگۈلگە ئوخشايسەن.
ئاللىقانداق سىرلىق بېقىپ كۆزۈمگە،
قارىشىڭدا ژۈرەككە ئوت تاشلايسەن!

گۈللەر ئارا بىر جۈپ گۈلنى ئالدىڭدە،
كېتىپ قالدىڭ ئۈچۈپ ئاللىقاياققا.
كېيىنەكتەك تېپىرلىغان ژۈرىگىم،
قانات قېقىپ، ئۈچۈپ كەتتى شۇ ياققا.

•••••••••••••••••••••••••••

مەن ساڭا قارايمەن، گۈزەل مەشۇغۇم،
قۇياشقا تەلپۈنۈپ باققان لەيلىدەك.
قارايمەن، قارايمەن، زادى تويمايمەن،
قانچىلىك باقساممۇ قانمايدۇ ژۈرەك!

قارايمەن، مەشۇغۇم،ساڭا ھەر قاراش،
ماڭا دەرت بولىدۇ، ماڭا ئىھتىراس.
ئېيتقىنا، ئەي مېنىڭ خۇرشىد يۈزلىگىم،
قاچانمۇ بولارمەن بۇ دەرتتىن خالاس؟

•••••••••••••••••••••••••••

ھەر كۈنى يارىمنىڭ ھۆسنىگە قاراپ،
ھۆسنىدە بىر يېڭى پاكلىق كۆرىمەن.
يارىمنىڭ ھۆسنىدە پاكلىق كۆرگەندە،
قەلبىمدە تۈگىمەس شاتلىق سېزىمەن.

قەلبىمنى شۇنچىلىك سۆيۈندۈرەلىگەن،
يارىمنىڭ مۇنەۋۋەر ھۆسنى ئەمەسمۇ؟
ھۇسنىگە بۇنچىلىك گۈزەللىك بەرگەن،
ۋەتەنگە دېگەن پاك مېھرى ئەمەسمۇ؟

•••••••••••••••••••••••••••

قايسى بىر گۈل تەلپۈنۈپ ناز ئېگىلمىسۇن،
بۇلبۇل قونۇپ شاخلىرىغا سايراپ تۇرسا.
قايسى كۆكۈل قىزىلگۈلدەك ئېچىلمىسۇن،
يار ئالدىدا جىلۋە ـ قىلىپ ئويناپ تۇرسا.

يار ۋەسلىدىن ئارتۇ ق لەززەت تېپىلمايدۇ،
چىن سۆيۈشكەن جانلار ئۈچۈن ھاياتلىقتا.
ئاشىق ژۈرەك شاتلىغىدىن يېرىلمامدۇ،
يەتكەن چاغدا جانانىنىڭ ۋىسالىغا!

•••••••••••••••••••••••••••

ئەي نىگار، سەن تاشلاپ كەتمىگىن مېنى،
چەشمىدەك چۆللەرگە سەپمىگىن مېنى.
سۆيمىسەممۇ جامالىڭ كۆرۈپ تۇراي مەن،
شۇ بەختتىن مەھرۇم ئەتمىگىن مېنى!

مەيلى، مەن مۇھەببەت ئوتىدا ياناي،
پەرۋانە مىسالى كۆل بولۇپ قالاي.
ياقۇتتەك لېۋىڭدىن بىر بۇسە بەرگىن،
بىر ئۆمۈر سىنىڭدىن رازى بوپ قالاي.

•••••••••••••••••••••••••••

كۆزلىرىڭ ئوخشايدۇ يۇرۇق يۇلتۇزغا،
يۈزلىرىڭ ئوخشايدۇ دىل ئەپرۇزغا.
دىلىڭمۇ، ھۇسنىڭدەك چىرايلىق بولسا،
قۇل بولسام ئەرزىيدۇ، سەندەك بىر قىزغا!

يار، سېنى كۆرۈمەن ئەڭ بۈيۈك جايدا،
كۈندۈزى قۇياشتا، كېچىسى ئايدا.
بۇ مېنىڭ بىچارە ئاشىق جېنىمغا،
دۇنيادا سېنىڭدەك رەھنىما قايدا؟

•••••••••••••••••••••••••••

بىر گۈزەلگە ئاشىق بولۇپ ئۆتكەنمۇ خوپ،
يا، ئۆزىگە ئاشىق قىلىپ ئۆتكەنمۇ خوپ.
ھېچ كىشىنى سۆيمىگەن يا سۆيدۈرمىگەن،
ئىنسان بولۇپ ياشىغاندىن ئۆلگەنمۇ خوپ.

•••••

ئاشىق بولۇپ يار ۋەسلىگە يەتكەنلەر بار،
يېتەلمەستىن ئارمان قىلىپ ئۆتكەنلەر بار،
يەتسىمۇ مۇرادىغا يەتمىسىمۇ،
ئاشىق بولۇپ ياشىغانىنىڭ ئۆزى دەركار!

# سۆيگۈ غەزەللىرى

## ئەيلىدىڭ

ئەي پەرى يۈزىڭ ئېچىپ، ھۆسنىڭ نامايان ئەيلىدىڭ،
نۇرىڭ بىرلە بار كۆڭۈللەرنى نۇر ئەپشان ئەيلىدىڭ.
سېنىڭ جادۇ كۆزلىرىڭ قەلبىمنى ئالدى سېھرلەپ،
قارا ساچىڭنى يېيىپ، زۇلپى پەرىشان ئەيلىدىڭ.
ئىشق ـ مۇھەببەتتىن خەۋەرسىز بىناۋا ۋىگىت ئىدىم،
ۋۇرىكىمگە ئوت يېقىپ، قەلبىمنى كۈلخان ئەيلىدىڭ.
ئىشقى ئوتۇڭدا يېنىپ، بولدى مېنىڭ باغرىم كاۋاپ،
سەن نازاكەت تەختىدە، ئۆزەڭنى سۇلتان ئەيلىدىڭ.
دىلبەرا، كەل تىزىراق، بىر جاۋاپ بەرگىن ماڭا،
يوللىرىڭغا تەلمۈرتۈپ، كۆزۈمنى گىريان ئەيلىدىڭ!

## ئىشتىياق

ئاي جامالىڭنى كۆرۈپ، كۆڭلۈمدە ياندى ئىشتىياق،
بار ۋۇجۇدىمنى مۇھەببەت ئوتلىرىڭ ئالدى ئوراپ.
كۆردىمۇ قالدىم بەلاغا، ئاتەشىڭ ئۆرتتى مېنى،
كۆرمىسەم كۆيمەس ئىدىم، تارتماس ئىدىم ئىشقى پىراق.
سۆيگىنىڭ قەدرىنى بىلمەس، مېنى نادان دېمىگىن،
ساپ مۇھەببەت ئوتلىرىدا، ۋۇرىكىم كۆندەك ياناق.
كۆل بولۇپ كەتسەممۇ ئوتتا «ۋاي» دېمەسمەن ھېچقاچان،
كۆيمىگەندىن ئىشق ئوتىدا كۆيۈپ ئۆتكەن ياخشىراق.
خالىساڭ بەرگىن قولۇڭنى، چىن ۋاپا ئەھدى ئۈچۈن،
بىر ئۆمۈر بىللە ياشايلى، ۋەسلى بېغىدا ئىناق!

## سەن

«باغلىرىمدا جىق گۈلۈم بار، سەن ئۇنىڭ رەناسى سەن،
ھۆسنى تەرىپكە سازاۋەر دىلبىرى ـ بەرناسى سەن».
بۇ جاھاندا سەرۋى قامەت، نازىنىنلار ئاز ئەمەس،
نازىنىنلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ گۆزەل زوھراسى سەن.
گۈل چىرايى تېشىدا، ئىنسان چىرايى ئىچىدە،
چىن چىرايىڭنى يوشۇرغان لەيلىنىڭ رۇخسارى سەن.
لەيلىنىڭ رۇخسارىنى كۆرمەككە مەجنۇن كۆز كېرەك،
ئاشىقىڭنىڭ ئالدىدا، ۋامىقنىڭ ئۇزراسى سەن.
تاپمىدىم تاكى جاھاندا سەن كەبى دىلدارىنى،
گۆزەللەرنىڭ ئىچىدىكى ئەڭ گۆزەل زىباسى سەن.
شۇنچىلىك قەدرىڭنى جانىم، مەندىن ئۆزگە كىم بىلۇر،
گەر ئاشىقىڭ بولمىسا بىئېتىۋار خەسى سەن!

## ئاشىق

ئاھ، قاچان قىزنىڭ قىزىق لېۋىنى سۆيگەندىن بېرى،
تەندە ئوت، باغرىمدا ئوت، ئۆرتەيدۇ يالقۇن چەمبىرى.
قىلىچى توغرايدۇ بۇ جىسمىمنى مىڭ پارە قىلىپ،
ژۇرىگىمنى بۇرغىلايدۇ، ئۇ مۇھەببەت خەنجىرى...
ئامما مەجنۇندەك مېنى مەپتۇن قىلالماس بۇ ئىشىق،
شائىر قەلبى ـ ئەل سۆيۈشىنىڭ يېنىپ تۇرغان ئەخترى...
ھەر ئاشىق بىر يۇلتۇزى بولسا مۇھەببەت كۆكىنىڭ،
قۇياش كەبى ئىشقىم بىلەن مەن ئۇنىڭ پەيغەمبىرى!

— — — — — — — — — — — — — — — — — —

## دەرت

دوستلىرىم، باغرىمدا ياندى، ئىشىق ـ مۇھەببەتنىڭ ئوتى،
بار ۋۇجۇدىمنى ئوراپ ئالدى ئۇنىڭ يالقۇنلىرى...
ئۇشبۇ يالقۇن ئوتلىرى كۆيدۈردى جىسمىمنى مېنىڭ،
ژۇرىگىمنى پارە قىلدى بەختسىز ئەل تەغدىرى...
قانچە قانماي دەرتلىنىپ ئېيتساممۇ «ئەيھەي دۇنيا»ـ دەپ،
ساقىماس كوڭلۇمدىكى قايغۇ ـ ھەسرەت مۇزلىرى...
بۇ ئىشقىنىڭ قەدرىنى مەندەك يەنە كىملەر بىلۇر،
بارمىكىن مەندىن بۆلەك بۇ ئوتلىدا كۆيگەن كىشى؟
ئەي، ئۇيغۇرىي، بۇ بەلاغا مۇپتالا بولغان ئۆزەڭ،
تا، قىيامەتكە قەدەر كۆيسەڭ ئادا بولماس دېغى!

— — — — — — — — — — — — — — — — — —

## بارمىكىن؟

يارنىڭ مەندىن بۆلەكمۇ ئاشىناسى بارمىكىن؟
بولسىمۇ مەندەك غېرىپ، بەختى قاراسى بارمىكىن؟
تاڭ نۇرىغا تەلمۇرۇپ، باغرىمغا تولدى لەختە قان،
باغرى قانغا تولمىغان، ئاشىق نىداسى بارمىكىن؟
ئىشىق ـ مۇھەببەت دەردى بىرلەن بىر ئۆمۈر بىمارى مەن،
بۇ ساقايماس دەرتلىرىمنىڭ بىر داۋاسى بارمىكىن؟
ئاي بىلەن يۇلتۇز چىقىلسا، يورىماس كۆڭلۇم مېنىڭ،
بۇ كۆكۈلنى يورىتار كۈنىنىڭ زىياسى بارمىكىن؟
ئەي، ئۇيغۇرىي، ئىشىق دەردىن سەن كەبى كىملەر بىلۇر؟
بىلسىمۇ، سەندەك كۆيۈك قەلبى ياراسى بارمىكىن؟

— — — — — — — — — — — — — — — — — —

## مەلەك

بىر بېقىپ كۆڭلۈمنى ئالدى، ھۆر سۈپەتلىك شول مەلەك،
بىر مەلەككى، تەرىپىنى قانچە ئېيتسام يەتكىدەك.
مەن ئۇنىڭ ئىشىق ئوتىدا كۆيۈپ ئادا بولدۇم نېتەي،
غەم بىلەن گۈلدەك چىرايىم سارغىيىپ،سولدى پىلەك.
ياردىن ئۈمىد ئۈزۈپ، پۈتكەندە دەرمانىم مېنىڭ،
تالىيىم يەتكۈزدى بىر كۈن يار ۋىسالىدىن دېرەك.
ئوتىدا كويسەممۇ ئاخىر ۋەسلىگە يەتتىم ئۇنىڭ،
ۋەسلى جامىدىن ئىچىپ مەي، ياشىرىپ كەتتى ژۇرەك.
زارىقىپ يەتكەن ۋىسالىنىڭ لەززىتى ئالەمچە بار،
يارسىز مىڭ ياشىغاندىن، يار بىلەن ئۆلمەك كېرەك!

## سورا

كۆزلىرىڭنىڭ شولىسىنى تاڭدا چولپاندىن سورا،
ئاي يۈزۈڭ مانەندىنى ماھى تاباندىن سورا.
غەيرىلەر كۆرمەس ئۇنى، بىلمەس سېنىڭ قەدرىڭنى ھەم،
شاھ سەنەمنىڭ قەدرىنى ئاشىق غېرىپجاندىن سورا.
چىن ئاشىقلار بىر ـ بىرىنىڭ قەلبىدىن لەززەت ئالۇر،
ئەيشى ئىشرەتنى پەقەت ئەھلى ناداندىن سورا.
دەردى يوق بىدەردىلەر، بىلمەس ۋاپانىڭ قەدرىنى،
ۋاپا قەدرىن مەن كەبى كۆڭلى پەرىشاندىن سورا.
ئەي ئۇيغۇرىي، يارسىز ئۆتمە جاھاندا بىناۋا،
بۇ ئۇمۇرنىڭ لەززىتىنى ۋەسلى جاناندىن سورا!

## سەن

ئەي پەرى، ئىنسانمۇ سەن ۋە ياكى تازا نۇرمۇ سەن؟
باغدىكى جانانمۇ يا، جەننەت ئىچىدە ھۇرمۇ سەن؟
مەن سالام قىلسام ساڭا، سۇزۇلدى قىيغاچ قاشلىرىڭ،
ئۆزىگە تەڭ كۆرمىگەن مەلىكىدەك مەغرۇرمۇ سەن؟
سېنى قىلغان ئەتىۋا، ئاشىق ژىگىتىنىڭ كۆزىدۇر،
كىبرى ئەيلەپ ئاشىغىڭنى خار قىلما ھەرگىزمۇ سەن!
غېرىپجاننىڭ دەردىدە سەكپارە بولغان شاھ سەنەم،
شاھ سەنەمدىن ئىشقى دەرسى ئالمىغان دىل كورمۇ سەن؟
سابىت ئېيتۇر قىز بالىغا «مەن» ياراشماس ھېچقاچان،
خىرىدارىڭ بولمىسا، بولماس ئېدىڭ مەنزۇرمۇ سەن!

* * *

گۇلنى سۆيگەن بۇلبۇلى بار، نۇر سۆيەر پەرۋانى بار،
بۇ جاھاندا ھەر كىشىنىڭ ئۆزى سۆيگەن يارى بار.
مىڭ گۆزەلگە تەڭ قىلماسمەن دىلبىرىمنىڭ خۇلقىنى،
ئون تۆرت كۈنلۈك تولۇن ئايدەك ھۆسنى جامالى بار.
چاچلىرى گوياكى بوستان، قاشلىرى قالغاچ قانات،
كۆزلىرىدە ئىشقى ئايان، ئاي يۈزىدە خالى بار.
شۇنچىلىك بولارمىكىن جەننەت ئىچىدە ھۇرلىرى،
خۇلقى ـ نازى خۇش يېقىملىق، سۇزلىرىدە بالى بار.
ئەي، سابىت سۆيگەن نىگارىڭ ۋەسلىدىن ئۈزمە ئۇمىت،
ئاشۇ يارنىڭ ۋەسلىدە ئاشىق ژۇرەككە دارى بار.

* * *

مېنىڭ سۆيگەن دىلبىرىمنىڭ رەڭگى زەيتۇن گۇلچە بار،
ئاغزى ـ ئالتۇن پىيالە، لەۋلىرى ياقۇتچە بار.
كۈلكىسى كۈيدەك يېقىملىق، چېھرىسى تاڭدەك تازا،
قاشلىرى ـ خۇددى ھىلال ئاي، كۆزلىرى يۇلتۇزچە بار.
سەرۋى قامەت بويلىرىغا يارىشىپتۇ چاچلىرى،
چاچلىرىنىڭ قارىسى ـ دەريادىكى قۇندۇزچە بار.
ناگىھان باقسام يۈزىگە، كوزلىرىمنى تالدۇرار،
كۆزلىرىم تالدۇرغىدەك ھۆسنى ئۇنىڭ كۇندۇزچە بار.
«يارىنى كەپتۇ دىسە، ژۇگرەپ چىقاي بېشىم بىلەن»
يولىغا جانلار پاياندار، ماڭدىمىدا زىلچە بار.
ئوتىدا كۆيسەممۇ يارنىڭ ۋەسلىگە يەتمەك مۇرات،
ئارزۇلاپ يەتكەن ۋىسالنىڭ لەززىتى ئالەمچە بار!

* * *

دىلبىرىم، سۆيگەن گۇلۇم ـ جان ئىچرە جانانىم مېنىڭ،
ئاشۇ جانان ئىشقى ئوتىدۇر قەلبى گۇلخانىم مېنىڭ.
يۈزلىرى ـ خۇرشىد مىسالى، مېھرى گويا ئاپتاپ،
مېھرىدىن قۇۋۋەت ئېلىپ ياشىرار جانىم مېنىڭ.
ئاشۇ يارنىڭ قولىدىن ئىچسەم ۋىسال شارابىنى،
شۇ كۈنى پۈتەر ئېدى كۆڭلۈمدە ئارمانىم مېنىڭ!

* * *

سىزنى كۆرۈپ: ـ ئاسماندىن ئاي چۈشۈپتۇ، ـ دەپتىمەن،
ـ كۆزلىرى چولپانۇ، قېشى ياي چۈشۈپتۇ، ـ دەپتىمەن.
بوينىڭىزغا ئېسىۋالغان ئۈنچە ـ مارجاننى كۆرۈپ،
ـ ھەم ساما يۇلتۇزلىرى قالماي چۈشۈپتۇ، ـ دەپتىمەن.
چېكىڭىزغا ئېسىۋالغان ھالۇ ـ زەڭگەر لېنتىنى كۆرگەن چېغى،
ـ بېشىڭىزغا ھاسان ـ ھۈسەن يۆگىشىپتۇ، ـ دەپتىمەن.
مېھرىڭىز ئاپتاۋىدا يورىسا قەلبىم مېنىڭ،
ـ ژۇرىگىمگە ئىشقى ئاتەش تۇتىشىپتۇ،ـ دەپتىمەن!

* * *

نۇر جامالىڭغا بېقىپ يار، كۆزلىرىم تالدى نېتەي،
بار ۋۇجۇدىمنى ھارارەت ئىلكىگە ئالدى، نېتەي.
بۇ مۇھەببەت ئوتلىرى ئالدى ئارامىمنى مېنىڭ،
ئەقلۇ ـ ھوشۇمنى ئېلىپ، ھەرھالىگە سالدى، نېتەي.
بىر ئۆمۈر ئوتىڭدا كۆيدۈم، تاپمىدىم سەندىن مۇرات،
جان ژۇرەگىمدە جاراھەت ئىزلىرىڭ قالدى، نېتەي.
سابىت ئەيتۇر: بۇ ئازاپتىن قۇتقاز ئەي، دىلبەر مېنى،
سەن كېلىپ قۇتقازمىساڭ بۇ جېنىم ئاز قالدى، نېتەي!

* * *

«يارسىز ئۆمرۈم مېنىڭ، مىڭ ياشىسام بىر كۈنچە يوق،
ئىشق ئوتىنىڭ ئالدىدا دوزاق ئوتى ئۇچقۇنچە يوق»
ئوشبۇ دۇنياغا كېلىپ، تاپقان مېنىڭ بەختىم ئۆزەڭ،
بۇ جاھاندا سۆيگىلى سېنىڭدىن ئارتۇق غۇنچە يوق.
گەر جاھان رەنالىرى قولىدىن ئىچسەم مەي ـ شاراپ،
ھېچ داۋا بولماس ژۈرەككە سېنى بىر سۆيگەنچە يوق.
ئاشىقىڭ كۆيدۈر سېنىڭ، ئەمما پىراقىڭ دەردىدە،
كۆيگىنى، كۈل بولغىنى ھېچقايسىنىڭ «ئۇچقۇن»چە يوق.

* * *

مەن سېنى سۆيمەس ئېدىم سۆيگىگە رازىڭ بولمىسا،
دىلنى مەپتۇن ئەيلىگەن خۇلقى نازىڭ بولمىسا.
ئىشق ـ مۇھەببەت ئوتلىرىڭدا مۇنچىمۇ كۆيمەس ئېدىم،
ئەندەلىپتەك سايرىغان خۇشخۇي ئاۋازىڭ بولمىسا.
ئىشق ئوتۇڭغا پايلىماي، بۇ نەزمىنى يازدىم مانا،
نەزمىنى يازماس ئېدىم، قەلبىمدە سازىڭ بولمىسا!
ئەي، دىلبەرا، ئاشىقىڭمەن، ۋەدىسىدىن ئاينىماس،
سەن ئۈچۈن ئوتقا كىرەرمەن، ئېتىرازىڭ بولمىسا.

«يارسىز ئۆتمە جاھاندا، يارى يوقنىڭ يارى بول،
كىم سېنى يارىم دېسە، بېرىپ شۇنىڭ گۈلزارى بول»
ھەر كىشى ئۆز جۈپتى بىرلەن بەختىيار ـ سۇلتاندۇر،
سەنمۇ ئۆز جۈپتىڭنى تاپقىن، مەڭگۈ بەختىيارى بول.
نا ئەھلىگە كوڭۈل بەرسەڭ، ئابرويىڭنى تۆكەر،
جاننى خور قىلما يامانغا، سەن ئۆزىڭدىن ئارى بول.
سۆيگىنىڭ چىن ئەھلى بولسا، سېنى بېشىغا تاج ئېتەر،
ياخشىنىڭ قەدرىنى بىلگىن، بېشىدا پەرۋانى بول!

* * *

بىر كۆرۈپ ھۆسنىڭنى يار، يېنىپ ياشاردى باغلىرىم،
ئوت ئېلىپ، يالقۇنلىنىپ яندى مۇھەببەت تاغلىرىم.
نەق سېنى كۆرگەندە ئەي، ئاسماننىڭ زوھرە يۇلتۇزى،
ھەم ئېسىمگە چۈشتى، سېنىڭ تاھىرىڭدەك چاغلىرىم.
سەن ئۇ چاغ گۈلشەندىكى خۇددى بىر غۇنچە ئېدىڭ،
مەن ئۇ چاغ بۇلبۇل بولۇپ، ئىشقىڭدا خەندان سايرىدىم.
ھىجرىڭنى تارتا ـ تارتا ھېچ مەجالىم قالمىدى،
كۆز غازاڭدەك تۆكۈلدى، بەرگىدىن ياپراغلىرىم.
بىر ئۆمۈر ئىشقىڭنى ساقلاپ، جان ئارا كەلدىم ما نا،
ئاھ، قاچان پۈتەر مېنىڭ ژۈرەكتە قالغان داغلىرىم.
خام ئىشەن، خاھى ئىشەنمە، سادىقىڭ مەن ھەر قاچان،
ساپ مۇھەببەت يولىدا قالۇر مېنىڭ تۇپراغلىرىم!

1950 ـ 1957 ـ يىللار.

* * *

ئايا دىلبەر، چېچەك ئاتقان، سېنىڭ ياشلىق باھارىڭدۇر،
كۆڭۈلنى مەھلىيا قىلغان، ژىگىرمە ياشتا چاغىڭدۇر.
مۇھەببەت ئوتىدا جىسمىم مېنىڭ گۈلخان بولۇپ ياندى،
مېنى كۆيدۈرگۈچى يالقۇن ـ سېنىڭ ئىشقى پىراقىڭدۇر.
جامالىڭغا باقار بولسام، كۆڭۈلدە ئاتىدۇ تاڭلار،
كۆڭۈلدە تاڭلار ئاتقۇزغان، سېنىڭ سۇبھى زىيارىڭدۇر.
سېنى سۆيگەندە ئەي دىلبەر، ھوشۇمدىن ئايرىلاي دەيمەن،
ۋۇجۇدىمنى ئېرىتقان ئوت ـ سېنىڭ ئاتەش قۇچاغىڭدۇر.
يۈرەكنى گۈل قىلىپ تۇتتۇم، قوبۇل قىل ئەي گۈلى رەنا،
مېنىڭ بەختىم ـ كۈلۈپ باققان سېنىڭ بىر جۈپ قاراغىڭدۇر!

* * *

تەبىئەت خۇش ياراتىپدۇر، سېنىڭدەك خۇرشىد يۈزنى،
يۈزىڭ ئاپتاۋدىن پەيدا قىلىپ ئالەمگە كۈندۈزنى.
سېنىڭ چولپان كۆزۈڭ كۆرگەچ يۇلتۇزلار خىجىل بولمىش،
سىياھدەك چاچلىرىڭ مەپتۇن قىلار دەريادا قۇندۇزنى.
باھار بۇلبۇللىرى سايراپ، سېنى ئۆيقىدىن ئويغاتسۇن،
سەھەر سەلكىنلىرى سۆيسۇن، ئۇيقىدا خۇمار كۆزنى.
جىمى ئالەمگە تەڭ قىلماس، مېنىڭ پەخرى جاھانىم سەن،
پۈتۈن دۇنياغا بەرمەسمەن، سېنىڭدەك يارى دىلدۈزنى.
جاھان رەنالىرى كۆپدۇر، سېنىڭدەك دىلبىرى يوقدۇر،
سۆيۈپ ئۆتسەم نېمە ئارمان، سېنىڭدەك دىلرابا قىزنى!

* * *

يۈزۈڭنى ئوخشىتاي دەيمەن، باھار ئاپتاۋى ـ كۈندۈزگە،
سىياھدەك چاچلىرىڭ ئەنداز ئېرۇر دەريادا قۇندۇزگە.
خاھى جەننەت ھۇرى بولسۇن، خاھى كۆكنىڭ قىزى بولسۇن،
ماڭا بىگانىدۇر ھەممە، سېنىڭدىن ئۆزگىسى ئۆزگە!
بۇ ئالەمگە كېلىپ تاپقان، مېنىڭكى مېھرىبانىم سەن،
تەسەددۇق بولسام ئەرزىيدۇ، سېنىڭدەك دىلرابا قىزگە.
سېنىڭدەك يارى كەلگەندە، كۆرەرگە كۆزلىرىم قايسى،
ئەيمىنىپ قارالماسمەن، سېھرىلىك جۈپ قارا كۆزگە.
ۋەتەننىڭ قىزلىرى كۆپدۇر، سېنىڭدەك دىلبىرى يوقدۇر،
قاچان بولغاي بۇ پاندا، سېنى سۆيمەك نېسىپ بىزگە؟!

* * *

سېنىڭ ئىشقىڭدا ئەي دىلبەر سەھەرلەردە ناۋا قىلدىم،
مۇھەببەت ئەرزىنى ئېيتىپ، ئۆزەڭگە ئىلتىجا قىلدىم.
«قىزنىڭ ھۆسنى بىر باشقا، قەلبى يەنە باشقا» ـ دەر،
قەلبىڭگە نەزەر سالماي، بۇ ئىشتا كۆپ خاتا قىلدىم.
نىتەي ئەمدى، سېنىڭ ئىشقى ئوتىڭدا كۆيگىنىم قالدى،
ھىجران خەنجىرى بىرلەن ژۇرەگىمنى يارا قىلدىم.
تېپىشىم ساق بولغىنى بىرلەن ئىچىم دەرتتىن مالامەتدۇر،
بۇ دەردىمگە شىپا ئىزدەپ، تېۋىپلەرگە دەۋا قىلدىم.
تېۋىپلەرگە دەۋا قىلسام« يار ۋەسلى ـ شىپا»ـ دەيدۇ،
ۋىسالىڭ يولىدا دىلبەر، ئەزىز جاننى پىدا قىلدىم.
مېنىڭ تارتقان ئازاۋىمنى سېنىڭدىن ئۆزگە كىم بىلسۇن،
جۇنۇن ۋادىسىدا تەنھا ئۆزەڭگە ئىختىدا قىلدىم!



* * *

«بۇ ئالەمگە كېلىپ تاپقان، مېنىڭكى مېھرىبانىم سەن،
كۆزۈمنىڭ روشنى يارىم، دىلى ئارامى جانىم سەن»
مۇھەببەتتىن خەۋەرسىز بىر گۆدەك بىناۋا ئەردىم،
ژۇرەككە ئىشق ئوتىن ياققان سوغۇلماس گۈلخانىم سەن.
قېشىڭ ئاي، كۆزلىرىڭ چولپان، جامالىڭدىن خىجىل ئاسمان،
قارا بەختىمنى ئاق قىلغان، مېنىڭ شەمسى تابانىم سەن.
سۆيەرگە ئوشبۇ ئالەمدە، سېنىڭدەك دىلرابا يوقدۇر،
ئەگەر كۈلسەم، قۇۋانچىم ھەم كۆرەرگە كۆز نۇرانىم سەن.
سېنىڭدەك يارى كەلگەندە، كۆرەرگە گۆزلىرىم قايسى؟
ئەيمىنىپ قارالماسمەن، بە ھەيۋەت سۇلتانىم سەن.
جاھان ـ جەننەت،ھايات ـ لەززەت بىلىنمىشدۇر،سېنىڭ بىلەن،
مېنىڭ بەختىم، قۇۋانچىم ھەم سائادەت ئاسمانىم سەن.
سېنىڭدەك دىلبىرى بىرلەن نىچۈك ماختانمىسۇن سابىت،
جىمى ئالەمگە تەڭ قىلماس، مېنىڭ پەخرى جاھانىم سەن!

* * *

سەھەرلەردە سالام يازدىم، ئاشۇ ساھىپ جامالىمگە،
دەردىمنى بايان ئەيلەپ، ئەزىزۇ ـ مېھرىبانىمگە.
تىلەيمەنكىم، كېرەملىك يار ماڭا لوتۇ ئەتمىسە بولماس،
ئۆزى كېلىپ داۋا قىلسۇن، مېنىڭ بىخەستە چالىمگە.
مۇھەببەت ئوتىدا كۆيۈپ، گۈلىستانىم غازاڭ بولدى،
قاچان بولغاي ئابادانلىق، غازاڭ بولغان باھارىمگە.
ۋىسالىغا يېتىپ يارنىڭ قولىدىن مەي ـ شاراپ ئىچسەم،
ئۇنىڭ كەيىدە ياش تۆكسەم، ئېتىپ دەردىمنى يارىمگە،
تىلەگىم شۇل: نىگارنىڭ ۋەسلىگە يەتمەي ئۆلۈپ كەتسەم،
مۇھەببەت ئوتىدىن مەشئەل يېقىپ قويسۇن مازارىمگە!

* * *

جاھاندا ئارمىنىم: يارىم ئاياغىن تۇپرىغى بولسام،
ئۇنىڭ باسقان يولىدا مەن ئېچىلسام خۇش گۈلى بولسام.
ئەگەر يارىم، كۆڭۈل ئاچماق ئۈچۈن باغىمغە سەير ئەتسە،
ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئالماققا غەزەلخان بۇلبۇلى بولسام.
شېرىن، زىلۋا سادالارنىڭ سىرىنى بولسا بىلمەكچى،
مۇھەببەت ئەرزىنى ئېتسىپ، ئۇنىڭ شېرىن تىلى بولسام.
ئەگەر ئەرزىم قوبۇل ئەيلەپ، ۋىسالىغە يېتەر بولسام،
ھارارەتتىن ئېرىپ قاردەك، يۈرەگىدە نۇرى بولسام.
نىگارنىڭ بويىدا مەن ھەم قەترە قان بولۇپ ئاقسام،
لەئەلدەك نۇرلىنىپ تۇرغان، ئۇنىڭ ياقۇت لىۋى بولسام!

* * *

شامال بولسام، سەھەرلەردە، يۈزۈڭنى سۆيۈپ ئويغاتسام،
يۈزۈڭدە دانە خال بولۇپ، جامالىڭغە جامال قاتسام.
كۈندۈزلىرى كۈن بولۇپ، بويۇڭدىن ئۆرگىلىپ، خانىم،
كېچەلەر ئويقىدا ياتساڭ، سامادىن ئاي بولۇپ باقسام.
سەھەر سەلكىنلىرى سۆيسۇن، سېنىڭ مەڭزۇ ـ ياڭاغىڭنى،
قۇياش نۇرى بولۇپ مەن ھەم، بويۇڭغە چىرمىشىپ ياتسام.
مۇبارەك كۆزلىرىڭدە كۆرمىسەم مەن قەترە ياش ھەرگىز،
تەبەسسۇم ئەيلىسەڭ مەڭزىڭدىكى بىر جۈپ زىناق بولسام.
بۇ تەغدىر قىسمىتىدىن قاپلىسا قەلبىڭنى مۇڭ ـ ھەسرەت،
ژۈرەك دەردىڭ ئىرىتسام مەن، كۆزۈڭدە قەترە بوپ ئاقسام.
سابىت ئېيتىدۇر دىلبەر، ئۆمۈرلۈك ئاشىغىڭدۇر مەن،
پۈتۈن ئۆمرۈم بويى تايماس سادىق يار بولۇپ قالسام!

* * *

بۇ ئالەمگە كېلىپ ئىشقى ئوتىغا مۇپتىلا بولدۇم،
يوقاتتىم مەن ئارامىمنى پەرىشان بىناۋا بولدۇم.
ياشلىقتا بىلىپ بىلمەي، ئىشىق دامىغا چۈشتۈم مەن،
پەرىدە ئىسمىلىك يۈلتۇز پەرىگە ئاشىنا بولدۇم.
ۋەتەن گۈلزارىدا چاراپ، ئېچىلدى رەڭمۇ ـ رەڭ گۈللەر،
شۇ گۈللەر ئىچىدە تەنھا ئانار گۈلگە خۇمار بولدۇم.
زەيىنسا ئىسمىلىك يار ـ كۆڭۈلنىڭ زىننىتى ئەردى،
ئاڭا يەتكۈزمىدى تەغدىر، ۋىسالىدىن جۇدا بولدۇم.
ئايا دوستلار، مۇھەببەتنىڭ ئوتىدا كۆيدىمۇ، ئەمما،
ۋىسالىغا يېتەلمەستىن، مۇرادىمدىن ئادا بولدۇم.
بىلىپ قالدىم، گۆزەللەرنىڭ دەردى بار، ۋاپاسى يوق،
بۇ سەۋدادىن كېچىپ ئاخىر، ۋەتەنگە جان پىدا بولدۇم!
ۋەتەننى سۆيسە ھەر ئاشىق، مېنىڭدەك ئوت بولۇپ سۆيسۇن،
شۇ ئوت بىرلە مۇھەببەت ئەھلى ئىچرە پادىشا بولدۇم.

1948 ـ 1958 ـ ژىللار،
شىخۇ ـ ئۈرۈمچى ـ غۇلجا.